دېھقان - چارۋىچىلارغا قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەجمۇئەسى

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
# مائارىپ قانۇنى

( رەسمىلىك نۇسخىسى )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەجمۇئەسى

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى

## (رەسمىلىك نۇسخىسى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

《中华人民共和国教育法》图释：维吾尔文/全国人大常委会编著；新疆维吾尔自治区人大常委会办公厅法律法规译文审定小组译.乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
ISBN 978－7－228－12068－0

Ⅰ.中… Ⅱ.①全…②新… Ⅲ.教育法－中国－普及读物－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D922.16－49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 182103 号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 依明江·艾木都拉 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔·依布拉音　再米拉·裴达依 |
| **特约校对** | 外力·再顿 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | 0991－2827472 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| **开　　本** | 787×1092 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 1.25 |
| **版　　次** | 2008 年 12 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 12 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 册 |
| **定　　价** | 6.00 元 |

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
# مائارىپ قانۇنى
## (رەسمىلىك نۇسخىسى)

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى : سەنەۋەر ئىبراھىم ، زەمىرە پىدائىي
تەكلىپلىك كوررېكتور : ۋەلى زەيدۇن
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 787×1092 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 1.25
نەشرى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى
تىراژى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12068—0
باھاسى : 6.00 يۈەن

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانى

(45 - نومۇرلۇق)

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى» 1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ھازىر ئېلان قىلىندى، 1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن

1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى

(1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## مۇندەرىجە


1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

2 ـ باب مائارىپنىڭ ئاساسىي تۈزۈملىرى

3 ـ باب مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى

4 ـ باب ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا مائارىپ خىزمەتچىلىرى

5 ـ باب تەربىيىلەنگۈچىلەر

6 ـ باب مائارىپ ۋە جەمئىيەت

7 ـ باب مائارىپ سېلىنمىسى ۋە شەرت ـ شارائىت كاپالىتى

8 ـ باب مائارىپ ئىشلىرىدىكى تاشقى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق

9 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

10 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

# 1 ـ باب   ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ قانۇن مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلدى.


**2 ـ ماددا** بۇ قانۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مائارىپقا تەتبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** دۆلەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

**4 ـ ماددا** مائارىپ ــ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى. دۆلەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

پۈتكۈل جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك.

**5 ـ ماددا** مائارىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش





قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلىشىشى، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشى شەرت.

**6 ـ ماددا** دۆلەت تەربىيىلەنگۈچىلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ، غايە، ئەخلاق، ئىنتىزام، قانۇنچىلىق، دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ.

**7 ـ ماددا** مائارىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ بارلىق ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** مائارىپ پائالىيەتلىرى دۆلەت ۋە جامائەت مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت.

دۆلەت مائارىپ بىلەن دىننى ئايرىش يولىنى تۇتىدۇ. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسالغۇ بولىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**9 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىدا

تەربىيىلىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

پۇقرالار مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغا قارىماي تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن قانۇن بويىچە باراۋەر بەھرىمەن بولىدۇ.

**10 ـ ماددا** دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

دۆلەت چەت، يىراق، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

دۆلەت مېيىپلار مائارىپى ئىشلىرىغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ.ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

**11 ـ ماددا** دۆلەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا يارىشا مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەر دەرىجىلىك مائارىپنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرىدۇ. ئۆمۈرلۈك تەربىيە ئېلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

دۆلەت مائارىپ ئىلمى تەتقىقاتىنى قوللايدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇيۇشتۇرىدۇ. مائارىپ ئىلمى تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى






ئومۇملاشتۇرىدۇ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

**12 ـ ماددا** خەنزۇ تىل ـ يېزىقى مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى ئوقۇتۇشتا قوللىنىدىغان ئاساسىي تىل ـ يېزىق. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئاساس قىلىنغان مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى ئوقۇتۇشنى شۇ مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقى بىلەن ياكى شۇ يەردىكى مىللەتلەر ئورتاق ئىشلىتىدىغان تىل ـ يېزىق بىلەن ئېلىپ بارسا بولىدۇ. مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى ئوقۇتۇشتا مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان ئاممىباب خەنزۇ تىلىنى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ.

**13 ـ ماددا** دۆلەت مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.

**14 ـ ماددا** گوۋۇيۈەن ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن مائارىپ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ.

ئوتتۇرا مائارىپ ۋە ئوتتۇرا مائارىپتىن تۆۋەن مائارىپنى گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى باشقۇرىدۇ.

ئالىي مائارىپنى گوۋۇيۈەن ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق،



بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى باشقۇرىدۇ.

**15 ـ ماددا** گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلايدۇ ۋە ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى مائارىپ خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ئالاقىدار مائارىپ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**16 ـ ماددا** گوۋۇيۈەن ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا مائارىپ خىزمىتى ۋە مائارىپ راسخوتىنىڭ خام چوت، نەق چوت ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىشى، نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

## 2 ـ باب مائارىپنىڭ ئاساسىي تۈزۈملىرى

**17 ـ ماددا** دۆلەت ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپى،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

باشلانغۇچ مائارىپ، ئوتتۇرا مائارىپ، ئالىي مائارىپتىن ئىبارەت مەكتەپ مائارىپى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

ئىلمىي ئوقۇش تۈزۈمى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدۇ. ئوقۇش تۈزۈمى سىستېمىسىدىكى مەكتەپلەرنى ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، تەلىم - تەربىيە شەكلى، ئوقۇش مۇددىتى، ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى، يېتىشتۈرۈش نىشانى قاتارلىقلارنى گوۋۇيۈەن ياكى گوۋۇيۈەن هوقۇق بەرگەن مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلەيدۇ.

**18 - ماددا** دۆلەت توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشقا كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ياكى باشقا ۋەسىيلىرى، شۇنىڭدەك ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىش ۋە تۈگىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.



**19 ـ ماددا** دۆلەت كەسپىي مائارىپ تۈزۈمى ۋە چوڭلار مائارىپى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلار ۋە كارخانىلار، كەسپىي تەشكىلاتلار تەدبىر قوللىنىپ، پۇقرالارنىڭ كەسپىي مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيىسى ياكى ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي تەربىيە ئېلىش ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

دۆلەت ھەر خىل شەكىلدىكى چوڭلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، پۇقرالارنى مۇۋاپىق شەكىلدىكى سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا تەربىيىسى، كەسپىي تەربىيە ۋە ئۆمۈرلۈك تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**20 ـ ماددا** دۆلەت دۆلەتنىڭ مائارىپ ئىمتىھانى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

دۆلەتلىك مائارىپ ئىمتىھانىنىڭ تۈرلىرىنى گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلەيدۇ ھەمدە بۇ ئىمتىھاننى دۆلەت تەستىقلىغان ئاپپاراتلار ئالىدۇ.

**21 ـ ماددا** دۆلەت ئوقۇش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.



دۆلەتنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان ياكى دۆلەت ئېتىراپ قىلغان مەكتەپلەر ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى ياكى باشقا ئوقۇش گۇۋاھنامىلىرىنى تارقىتىدۇ.

22 ـ ماددا دۆلەت ئىلمىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

ئىلمىي ئۇنۋان بەرگۈچى ئورۇن مۇئەييەن ئىلمىي سەۋىيىگە ياكى كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىگە يەتكەن خادىملارغا قانۇن بويىچە مۇناسىپ ئىلمىي ئۇنۋان ۋە ئىلمىي ئۇنۋان گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ.

23 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانىلار ۋە كەسپىي تەشكىلاتلار تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەلىم ـ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە پۇقرالار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەلىم ـ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

24 ـ ماددا دۆلەت مائارىپ مۇپەتتىشلىكى تۈزۈمىنى، مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى باھالاش



تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

## 3 ـ باب   مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى

**25 ـ ماددا** دۆلەت مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش يىرىك پىلانىنى تۈزىدۇ ھەمدە مەكتەپلەرنى ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى قۇرىدۇ.

دۆلەت كارخانىلار، كەسپىي تەشكىلاتلار، جامائەت تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ھەم پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە مەكتەپ ئېچىشىغا ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پايدا ئېلىش مەقسىتىدە مەكتەپ ئېچىشىغا ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**26 ـ ماددا** مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشتا، تۆۋەندىكى ئاساسىي شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى شەرت:

(1) تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە نىزامنامىسى بولۇش؛

(2) لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇش؛

(3) بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئورنى



ۋە ئەسلھە، ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلار بولۇش؛

(4) مەكتەپ ئېچىشقا زۆرۈر بولغان مەبلىغى ۋە مۇقىم خىراجەت مەنبەسى بولۇش.

**27 ـ ماددا** مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە توختىتىشتا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە تەكشۈرتۈش، تەستىقلىتىش، رويخەتكە ئالدۇرۇش ياكى ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەش كېرەك.

**28 ـ ماددا** مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى تۆۋەندىكى هوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) نىزامنامە بويىچە ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش؛

(2) تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش؛

(3) ئوقۇغۇچى ياكى باشقا تەربىيىلەنگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىش؛

(4) تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش، مۇكاپاتلاش ياكى چارە كۆرۈش؛

(5) تەربىيىلەنگۈچىلەرگە مۇناسىپ ئوقۇش گۇۋاهنامىسى بېرىش؛

(6) ئوقۇتقۇچى ياكى باشقا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش، مۇكاپاتلاش ياكى چارە كۆرۈش؛



(7) ئۆز ئورنىنىڭ ئەسلىھەلىرى، تەربىيىلەش خىراجىتىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش؛

(8) ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىگە قانۇنسىز ئارىلىشىشىنى رەت قىلىش؛

(9) قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلار.

دۆلەت مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى قوغدايدۇ.

**29 ـ ماددا** مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك:

(1) قانۇن ـ نىزاملارغا ئەمەل قىلىش؛

(2) دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش، تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش؛

(3) تەربىيىلەنگۈچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش؛

(4) تەربىيىلەنگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىيلىرىنىڭ تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە باشقا ئالاقىدار ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇشىغا مۇۋاپىق يوللار بىلەن قولايلىق





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com